## 269079 ـ ئەيتۇرۇ چەك بازىرىغا مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

ئەيتۇرۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا سۆز كۆپ بولۇپ كەتتى، يەنى ئۇنىڭ بىلەن پاي چېكى ئېلىپ ـ سېتىش توغرىسىدا، بەزىلەر هالال دەيدۇ، بەزىلەر هارام دەيدۇ، يەنە بەزىلەر بۇ يەهۇدىينىڭ شىركىتى بۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ دەيدۇ... بۇ مەسىلىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەهمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: پاي چېكى بازىرى ۋە باشقا سودا بازارلىرىغا مەبلەغ سېلىش بەزى توغرا بولىدۇ، بەزىدە هارام بولىدۇ، يەنى مۇئامىلە قىلىۋاتقان تۈرلەرنىڭ هېسابى بويىچە ۋە شەرئى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى بويىچە هۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەمما يوركىس سىستېمىسىدا پايدا پەرقى ياكى پايدىنى كۈتۈش دېگەندەك شەرئەتتە چەكلەنگەن بىر تۈرلۈك ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى106094- ۋە 125758- نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

يوركىس تىجارەت سىستېمىسىدىكى شەرئى چەكلىمىلەرنىڭ ئومۇمىسى "ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسىنىڭ" قارارىدا مۇنداق ئىخچاملاشتۇرۇلغان:

خەلقئارالىق بازاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇشۇ تۈردىكى تىجارەت كۆپ ۋاقىتتا شەرئەت چەكلىگەن سودىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن تامام بولىدۇ، ئۇ سودىلاردىن:

1-زايومدا تىجارەت قىلىش، بۇ چەكلەنگەن جازانىدۇر، بۇنىڭغا "ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسى"جىددە شەهرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتىنچى قېتىملىق يىغىنىنىڭ (60) ئاتمىشىنچى  ماددىسىدا قارار ئالغان.

2-شىركەتلەرنىڭ پاي چېكىنى ئايرىماستىن مۇتلەق تىجارەت قىلىش.     هىجرىيە 1415-يىلى ئىسلام پىقهى مەجمۇئەسى بىلەن ئىسلام دۇنيا بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئون تۆتىنچى قېتىملىق يىغىنىدا ئېلىنغان تۆتىنچى قاراردا: ئاساسى

مەقسىتى ياكى بەزى مۇئامىلىلىرى ھارام بولغان شىركەتلەرنىڭ پاي چېكى بىلەن تىجارەت قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىكىتتى.

3– كۆپ ھالەتلەردە، شەرىئەتتە مۇئامىلە دۇرۇس بولىدىغان شەكىلدە تاپشۇرۇپ ئېلىنمىغان پۇل ئېلىپ–سېتىش سودىسى.

4–تاللاش توختاملىرى ۋە كەلگۈسى توختاملاردا تىجارەت قىلىش. بۇنىڭغا "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسى"جىددە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتىنچى قېتىملىق يىغىنىنىڭ (63) ئاتمىشىنچى ماددىسىدا مۇنداق قارار قىلغان: تاللاش توختاملىرى شەرىئەتتە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى توختام قىلىنغان نەرسە مالمۇ ئەمەس، مەنپەئەتمۇ ئەمەس ياكى ئالماشتۇرۇش دۇرۇس بولىدىغان مالىيە ھەققىمۇ ئەمەس".

ئىككىنچى: "ئەتۇرۇ" تور بازىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى سودا مالىيەنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، جازانە ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، چەكلەنگەن پەرقلىق توختاملار ئارقىلىق بولىدىكەن.

پەرقلىق توختام ياكى پەرقنى قوبۇل قىلىدىغان توختام بۇ (cfds)ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ توختام ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى توختامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئۇلارغا"سېتىۋالغۇچى" ۋە "ساتقۇچى" دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، بۇ توختامنىڭ قىممىتى ئاساسلىق كېلىپ چىقىشىغا تۇرىدۇ.(ئاكسىيە كۆرسەتكۈچى ياكى پاي چېكى كۆرسەتمىسى ياكى كەلگۈسىدىكى تاۋار كېلىشىمى دېگەندەك).

توختام ئاخىرلاشقاندا ياكى توختام قىلغۇچىلارنىڭ ئەتراپى بىكىتىلگەندە، سودا يېپىلىدۇ، ئاساسلىق مەبلەغ كۆتۈرۈلگەن بولسا، ساتقۇچى ئەسلە باھا بىلەن سېتىۋالغۇچى ئاچقان ۋاقىتتىكى باھانىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى سېتىۋالغۇچىغا بېرىدۇ، ئەمما ئەكسىچە ئاساسلىق مەبلەغ چۈشۈپ كەتكەن بولسا، سېتىۋالغۇچى ئەسلى باھا بىلەن ھازىرقى باھانىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ساتقۇچىغا بېرىدۇ".

چەكلەنگەن پەرقلىق توختاملار دېگەن: "ئىسلام پىقھى مەجمۇئەسىنىڭ" قارارىدا كەلگەن تاللاش توختاملىرى ۋە كەلگۈسى توختاملىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەگەر مۇئامىلىگە دائىملىق پايدا پەرقى قېتىلسا، بۇ ھارامنىڭ يەنە بىر تورىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.